

# بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب



# جۇغراپىيە قىسمى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

娃娃问妈妈答.地理篇/阿布都热依木·买买提等编译—喀什:喀什维吾尔文出版社,2004.5(2010.3重印)
ISBN978—7—5373—1274—5

Ⅰ.娃… Ⅱ.阿… Ⅲ.①科学知识—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言) ②地理学—儿童读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Z228.1

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第101187号

责任编辑:迪丽拜尔·阿不都热依木
责任校对:阿尔祖姑丽·斯迪克

# 娃娃问妈妈答·地理篇

阿尔祖姑丽·斯迪克 译

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 2.25印张
2004年5月第1版 2010年3月第3次印刷
印数:6161—10160 总定价:28.00元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927





## 1. يەر شارى قانداق پەيدا بولغان؟

چياڭچياڭ گىلوبۇسنى سىلاپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «يەر شارى قاند-
داق پەيدا بولغان؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاستىرونوملارنىڭ ھېساب-
لىشىچە، تەخمىنەن 6 مىليارد 600 مىليون يىل ئىلگىرى سامانيولى
سىستېمىسىدا بىر قېتىملىق زور پارتلاش يۈز بەرگەن. پارتلاشتىن
ھاسىل بولغان شالاڭ ھالەتتىكى پارچە ماددىلار ئۇزاق ۋاقىت ئۆز ئارا
بىرىكىپ ئۇيۇشۇش ئارقىلىق، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4 مىليارد 600
مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارى ۋە قۇياش سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى
سەييارىلەرنى شەكىللەندۈرگەنىكەن» دېدى.







## 2. يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى قانداق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟

كەيكەي گىلوبۇسقا قاراپ ئولتۇرۇپ: «ئانا، يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى قانداق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن بىز چەكسىز كەتكەن دالىدا تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قارىساق، ئاسمان بىلەن يەرنىڭ تۇتاشقان قىسمى يۇمىلاق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر تۈزلەڭلىكتىن تاغقا قاراپ ماڭغىنىمىزدا، يىراقتىن پەقەت تاغ چوققىسىلا كۆرۈنىدۇ، يېقىنلاپ بارغاندا ئاندىن تاغ ئېتىكى ۋە مەھەللىلەر كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ ھادىسىلەر يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 3 . ئادەملەر نېمە ئۈچۈن يەر شارىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ؟

كەيكەي يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئانىسىدىن يەنە: «يەر شارىنى يۇملاق دېدۇق، ئەمىسە ئادەملەر نېمە ئۈچۈن چۈشۈپ كەتمەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئۇ دېگەن يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ نەتىجىسى، يەر شارىدا يەر مەركىزىگە يۈزلەنگەن تارتىش كۈچى بولىدۇ، بۇ كۈچ ئادەملەرنى يەر يۈزىگە مەھكەم تارتىپ تۇرىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئېغىرلىقىمۇ دەل مۇشۇ خىل تارتىش كۈچىدىن بارلىققا كېلىدۇ، شۇڭا يەر شارىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دېدى.



uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



## 4. يەر شارى ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ قانداق رولى بار؟

رۇفرۇڭ ئاسماننى كۆرستىپ ئانىسىدىن: «يەر شارى ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ قانداق رولى بار؟ دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇ، جانلىقلار ۋە ئىنسانلارنى كەم بولسا بولمايدىغان ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدۇ؛ يەر شارىنى تاشقى ماددىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدايدۇ؛ يەنە ئالەمدىن كېلىدىغان ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولغان زور مىقداردىكى رېنتگېن نۇرى ۋە ئۇلترا بىنەپشە نۇرلارنى يۇتۇۋالىدۇ» دېدى.



## 5. ھاۋا بېسىمى دېگەن نېمە؟

ۋېنۋېن ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋابنى كۆرسىتىپ ئانىسىدىن: «ھاۋا بېسىمى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ھاۋا بېسىمى دېگىنىمىز، جىسىملار ئۇچرايدىغان ئاتموسفېرا بېسىم كۈچىنى كۆرسىتىدۇ، باشقىچە ئېيتساق، ھاۋا ماسسىسىنىڭ يەر شارىغا ۋە يەر شارىدىكى بارلىق جىسىملارغا چۈشۈرىدىغان بېسىمىدىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەردى.



## 6. يەر شارىدىكى ئوكسىگېن تۈگەپ كېتەمدۇ؟

لىلى چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ ئانىسىدىن: «يەر شارىدىكى ئوكسىگېن تۈگەپ كېتەمدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئوكسىگېن قايتا ھاسىل بولۇپ تۇرىدۇ، ئورمانلار ۋە يېشىل ئۆسۈملۈكلەر تەبىئەتتىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدىنى سۈمۈرۈپ ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، ئۇلار فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىدۇ، شۇڭا يەر شارىدىكى ئوكسىگېن تۈگەپ كەتمەيدۇ. بىراق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا دىققەت قىلىپ، ھاۋا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دېدى.







## 7 . نېمە ئۈچۈن يەر شارى بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىدۇ؟

ياز ، ياڭياڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يەر شارى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدىنىڭ نۇر ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش رولى بار. شۇڭا، ئىسسىقلىق ئاسانلىقچە تارقىلىپ كېتەلمەي، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ. بۇنى ‹پارنىك ئېففېكتى› دەيمىز. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق تەركىبىدە كاربون بولغان يېقىلغۇلارنىڭ زور مىقداردا كۆيدۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن ئاتموسفېرا تەركىبىدىكى كاربون( Ⅳ ) ئوكسىدىنىڭ مىقدارى يىلمۇيىل كۆپەيگەنلىكتىن، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ كېتىۋاتىدۇ» دېدى.



## 8. ئېكۋاتور ئەڭ ئىسسىق جايمۇ؟

مېڭمىڭ گلوبۇستىكى ئېكۋاتورنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ ئانىسىدىن: «ئېكۋاتور ئەڭ ئىسسىق جايمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ياق، چۈنكى يەر شارىدىكى ئېكۋاتور رايونىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئىبارەت، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش رولى بار، شۇڭا ئېكۋاتور رايونى ئەڭ ئىسسىق جاي ئەمەس» دېدى.



## 9 . قۇتۇپ نۇرى قانداق پەيدا بولىدۇ؟

بىنبىن تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ ئانىسىدىن: «قۇتۇپ نۇرى قانداق پەيدا بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «قۇياش پائالىيىتى شىددەتلىك بولغان ۋاقىتتا بىر قىسىم ئېلېكتر زەررىچىلىرى ۋە ھەر خىل دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىكى ئېلېكتروماگنىت دولقۇنلىرى يەر شارىنىڭ يۇقىرى بوشلۇقتىكى شالاڭ ئاتموسفېرا قەۋىتىدىن ئۆتۈپ، نۇرلىنىش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ، مانا بۇ قۇتۇپ نۇرىدۇر. قۇتۇپ نۇرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي قۇتۇپ ئەتراپىدىكى يۇقىرى كەڭلىك رايونلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ» دېدى.



## 10. يەر شارىدىكى چوڭ قۇرۇقلۇقلار قەيەردىن كەلگەن؟

شەنشەن دۇنيا خەرىتىسىدىن چوڭ قۇرۇقلۇقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «يەر شارىدىكى چوڭ قۇرۇقلۇقلار قەيەردىن كەلگەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يەر شارى شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى نىسبەتەن يۇقىرى، ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، دېڭىز - قۇرۇقلۇق دەپ ئېنىق ئايرىلمىغان. كېيىن، يەر شارى داۋاملىق سوۋۇپ، تارىيىپ، سىرتقى يۈزىدە ئويمان ۋە دۆڭلەر پەيدا بولغان، ئۇنىڭغا يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەر پوستى ھەرىكىتى قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا بۈگۈنكى قۇرۇقلۇق يەر شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىكەن» دېدى.



## 11. ئېگىز تاغلار قانداق پەيدا بولغان؟

فېڭفېڭ ئانىسى بىلەن بىللە تاغ سەيلىسىگە باردى. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېتىۋېتىپ: «ئانا، ئېگىز تاغلار قانداق پەيدا بولغان؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش تېزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك كەڭلىكلەردە ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سىزىقلىق تېزلىكىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، يەر پوستى بۆلەكلىرى ئۆزئارا سىقىلىپ ۋە سوقۇلۇپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئېگىز تاغلارنى پەيدا قىلغان» دېدى.



## 12. لاي ـ شېغىل ئېقىنى دېگەن نېمە؟

چېچى لاي ـ شېغىل ئېقىنى توغرىسىدىكى پەننىي تەربىيەۋى فىلىمنى كۆرۈۋېتىپ، ئانىسىدىن: «لاي ـ شېغىل ئېقىنى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «دەل ـ دەرەخ ئۆسمىگەن ئېگىز تاغنىڭ تۆت تەرىپى تىك بولۇپ، تۆۋەن تەرىپىدە پەقەت بىرلا تار چىقىش ئېغىزى — جىلغا بولىدۇ. بۇ يەرگە دۆۋىلەنگەن لاي ـ شېغىللارغا يامغۇر ۋە قار سۇلىرى سىڭىپ كىرىپ تويۇنغان ھالەتكە يەتكەندە، بۇ لاي ـ شېغىللار ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە تاغ يانتۇلۇقىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ تېز سۈرئەتتە ئاقىدۇ، تاكى تۈزلەڭ جايغا بارغاندا ئاندىن ئاستىلاپ توختاپ قالىدۇ، بۇ خىل ھادىسە لاي ـ شېغىل ئېقىنى دېيىلدۇ» دېدى.



## 13. سازلىقلار قانداق شەكىللەنگەن؟

شىياۋخۇ تېلېۋىزوردىن «ئۇزۇن سەپەر» دە قىزىل ئارمىيە ئۆتلاقتىن ئۆتكەن مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «سازلىقلار قانداق شەكىللەنگەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «سازلىقلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئاساسلىقى كۆللەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن شەكىللىنىدۇ. ئىقلىمى نەم بولغان رايونلاردا، دەريالار لاي - قۇملارنى ئېقىتىپ كېلىپ كۆللەرگە قۇيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆللەرنىڭ ئاستى قىسمى بارا - بارا تىنىپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن يېڭى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈشكە باشلايدۇ ھەمدە تۆت ئەتراپىدىن كۆل مەركىزىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. كۆللەر بارغانسېرى كىچىكلەپ تېيىزلىشىدۇ. كۆلدىكى چۆكمە ماددىلار كۆپىيىپ بەلگىلىك چەككە يەتكەندە، ئەسلىدىكى چوڭ بىر كۆل ئۆزگىرىپ، ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن تېيىز سۇلۇق سازلىققا ئايلىنىدۇ» دېدى.



## 14. تاش ئورمانلار قانداق ھاسىل بولغان؟

تاۋتاۋ ئانىسى بىلەن بىللە تاش ئورمانلىقتا بېرىپ سەيلە قىلدى، ئۇ ئانىسىدىن: «تاش ئورمانلار قانداق ھاسىل بولغان؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «ئەسلىي بۇ يەر ھاك جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان تەكشى يەر ئىدى. كېيىن سۇلارنىڭ يۇيۇشى، سىڭىپ كىرىشى، ئېرىتىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان يېرىقلار پەيدا بولۇپ، ئېرىگەن جىلغا ۋە تاش بىخلىرى شەكىللەنگەن، ئۇلار ئېرىتىش رولىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەسىرى كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تۇتاش كەتكەن تاش تۇۋرۇكلەرنى ھاسىل قىلغان، بۇنى كىشىلەر ‹تاش ئورمانلار› دەپ ئاتايدۇ» دېدى.



## 15 . كارستلىق ئۆڭكۈرلەر قانداق پەيدا بولغان؟

شياۋخۇي ئانىسى بىلەن بىللە بېرىپ كارستلىق ئۆڭكۈرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ئانىسىدىن: «كارستلىق ئۆڭكۈرلەر قانداق پەيدا بولغان؟ » دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «بىئوقۇرۇ- لۇش ئىلمىنىڭ قارىشىچە، كارستلىق ئۆڭكۈرلەرنىڭ شەكىللىنىشى سۇنىڭ ئېرىتىش رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، كارستلىق ئۆڭ- كۈرلەردىكى ئىستالاكتىت (تاش ئۆسمە) ، ئىستالاگمىت (تاش بىخلى- رى) ۋە تاش تۈۋرۈكلەر ئاساسلىقى يۇسۇن تۈرىدىكى جانلىقلار ئۆسۈش جەريانىدا كالتسىي ماددىسى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، ئۇششاق ھاك جىنس- لىرىنى يېپىشتۇرۇش، توپلاش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان سۇ ئاستى خادا تاشلىرىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان گېئولوگىيەلىك يىللار داۋامىدا تەدرىجىي چوڭىيىشى ۋە كېيىنچە تاشقا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنىكەن» دەپ جاۋاب بەردى.



## 16. شارقىراتما قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

جيەنجيەن ئانىسى بىلەن بىللە تاغ جىلغىسىغا شارقىراتمىنى كۆرگىلى باردى. ئۇ ئانىسىدىن: «شارقىراتما قانداق ھاسىل بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «سۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشىدە ئېگىز - پەسلىك پەرقى چوڭ بولسا، سۇ ئېقىنى ئېگىز جايدىن بىردىنلا ھالقىپ تۆۋەنگە چۈشىدۇ - دە، شارقىراتما ھاسىل بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 17 . قۇملۇقلار قانداق ھاسىل بولغان؟

شياۋشياۋ ئانىسى بىلەن قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا: «ئانا، قۇملۇقلار قانداق ھاسىل بولغان؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تەبىئىي سەۋەبنى ئېلىپ ئېيتساق، شامال قۇملۇقلارنى بەرپا قىلغۇچى ئاساسلىق كۈچ، قۇم بولسا قۇملۇقلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ماددىي ئاساس، قۇرغاقچىلىق قۇملۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم شارائىت ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى ئالساق، ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئىبارەت، مەسىلەن ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش، ئوتلاقلارنى بۇزۇش قاتارلىقلارمۇ قۇملۇقلارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ» دېدى.









## 18. ئاراللار قانداق شەكىللەنگەن؟

شىڭشىڭ خەرىتىدىكى كىچىك ئارالنى كۆرسىتىپ ئانىسىدىن: «ئاراللار قانداق شەكىللەنگەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاراللار شەكىللىنىشىگە قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىر خىلى، چوڭ قۇرۇقلۇق ئاراللىرى دېيىلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، يەر پوستىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى ياكى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن دېڭىز سۈيى بېسىپ كىرىپ، قۇرۇقلۇقنى قورشاشتىن ھاسىل بولغان؛ يەنە بىر خىلى، يانار تاغ ئاراللىرى دېيىلىدۇ، ئۇ دېڭىز ئاستى يانار تېغىنىڭ داۋاملىق پارتلىشى نەتىجىسىدە ماگمىلار تەدرىجىي دۆۋىلىنىپ ئېگىزلەپ، ئاخىرىدا سۇ يۈزىگە كۆرۈنۈپ چىقىشتىن ھاسىل بولغان؛ ئۈچىنچى خىلى، مارجان ئاراللىرى دېيىلىدۇ. ئۇ مارجان قۇرتلىرىنىڭ جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ مارجان خادا تاشلىرىغا ئايلانغاندىن كېيىن، سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىشتىن ھاسىل بولغان» دېدى.











## 19. دېڭىز بوغۇزى دېگەن نېمە؟

شياۋشۆ جۇڭگو خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «دېڭىز بوغۇزى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دېڭىز بوغۇزى دېگىنىمىز، ئىككى قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى دېڭىزنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تار سۇ يولىدىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەردى.



## 20. مۇز تاغ دېگەن نېمە؟

جېنجېن «تىتانىك ناملىق پاراخوت» دېگەن كىنونى كۆرۈپ چىقىۋېتىپ ئانىسىدىن: «مۇز تاغ دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يۇقىرى كەڭلىك ۋە ئېگىز تاغلىق رايونلارنىڭ ئىقلىمى سوغۇق بولغاچقا، يىل بويى قار توپلىنىپ مۇزلۇقلارنى ھاسىل قىلىدۇ، مۇزلۇقلار يېرىلىپ پارچىلانغاندا، شامال ياكى ئېقىن سۇلار ئۇلارنى ئىتتىرىپ دېڭىز - ئوكيانلارغا ئېلىپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئېيتقان بۇ مۇز تاغلار پەيدا بولىدۇ. مۇز تاغلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سۇ ئاستىدا بولىدۇ. پەقەت توققۇزدىن بىر قىسمىلا دېڭىز يۈزىگە چىقىپ تۇرىدۇ» دېدى.



## 21 . كۆچمە مۇز دېگەن نېمە؟

لۇڭلۇڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى سۈرەتنى كۆرسىتىپ: «ئانا، كۆچمە مۇز دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دېڭىز سۈيىنىڭ تەركىبىدە تۇز بولغانلىقتىن ئاسانلىقچە مۇز تۇتمايدۇ. قاتتىق سوغۇق بولىدىغان ئىككى قۇتۇپ رايونىدا، قىش پەسلى دېڭىز يۈزىدە بىر قەۋەت مۇز توڭلاپ، سۇ يۈزىنى يېپىپ تۇرىدۇ، مانا بۇ كۆچمە مۇز دېيىلىدۇ. يازدا بۇ مۇز قەۋىتى ئېرىپ چوڭ مۇز پارچىلىرىغا ئايلىنىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 22. دېڭىز شاۋقۇنى دېگەن نېمە؟

شىشى ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن دېڭىز ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاۋېتىپ، ھەيرانلىق بىلەن: «دېڭىز شاۋقۇنى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «دېڭىز ئاستىدىكى يەر تەۋرەش، يانار تاغ پارتلاش ياكى دېڭىز ئۈستىدىكى كۈچلۈك بوران قاتارلىقلار پەيدا قىلغان دەھشەتلىك، غايەت زور دېڭىز دولقۇنىدىن ئىبارەت، ئۇ ئۇشتۇمتۇت قىرغاققا ئۇرۇلۇپ چىقىدۇ، ئاندىن يەنە دېڭىزغا چېكىنىدۇ، بۇزغۇنچىلىق كۈچى ئىنتايىن زور» دېدى.







## 23. دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىش هادىسىسى دېگەن نېمە؟

دېڭىز سۈيى يەنە كۆتۈرۈلدى، دۇدۇ تاماشا قىلغاچ ئانىسىدىن: «دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىش هادىسىسى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «دېڭىز يۈزى كۆتۈرۈلگەندە، دېڭىز سۈيى قىرغاققا بېسىپ كىرىپ، بىر قىسىم پەس جايلار سۇ ئاستىدا قالىدۇ، بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى دېيىلىدۇ؛ كۆتۈرۈلۈشتىن كېيىن يەنە دېڭىز يۈزى بارا ـ بارا پەسلەيدۇ، دېڭىز سۈيى قىرغاقتىن ئايرىلىپ چېكىنىدۇ. بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ پەسىيىشى دېيىلىدۇ. ئادەتتە دېڭىز سۈيى ئەتىگەندە كۆتۈرۈلىدۇ، كەچتە پەسىيىدۇ، مانا بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىش هادىسىسىدۇر» دېدى.



## 24. قىزىل دولقۇن قانداق ھادىسە؟

فېيفېي دېڭىز بويىدا قىزغۇچ دېڭىز سۈيىنى كۆرسىتىپ ئانىسىدىن: «قىزىل دولقۇن قانداق ھادىسە؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قىزىل دولقۇن دېگىنىمىز، دېڭىز سۈيىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار زىيادە كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، لەيلىگۈچى جانلىقلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىپ بىر يەرگە توپلىشىۋېلىشىدىن پەيدا بولىدىغان دېڭىز سۈيىنىڭ قىزىرىش ھادىسىسىدىن ئىبارەت. ئۇ دېڭىز ـ ئوكيانلاردا يۈز بېرىدىغان ئاپەتلەرنىڭ بىرى. قىزىل دولقۇن ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى ھەم دېڭىز- ئوكيانلاردىكى تەبىئىي شارائىتنىڭ سەۋەبىدىن، ھەم مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن بولىدۇ» دېدى.



## 25. ئارشاڭنىڭ سۈيى نېمە ئۈچۈن ئىسسىق بولىدۇ؟

شياۋخۇڭ ئانىسى بىلەن بىللە ئارشاڭغا بېرىپ يۇيۇندى، ئۇ ھور چىقىپ تۇرغان بۇلاققا قاراپ: «ئارشاڭنىڭ سۈيى نېمىشقا ئىسسىق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يەرنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئارشاڭدىن چىقىدىغان سۇ يەر مەركىزىگە يېقىن جايدىكى يەر ئاستى سۈيى بولغاچقا، ئۇ يەر مەركىزىنىڭ ئىسسىقلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇڭا ئارشاڭنىڭ سۈيى ئىسسىق بولىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 26. كۆمۈر قانداق ھاسىل بولغان؟

جېنجېن ئانىسى بىلەن بىللە كۆمۈر ئەكەلگىلى بېرىپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا: «ئانا، كۆمۈر قانداق ھاسىل بولغان؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «كۆمۈر قەدىمكى دەرەخلەرنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان. نەچچە ئون مىليون يىللار ئىلگىرى، يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يەر يۈزىدىكى دەرەخلەر يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، ئۇلار يەر ئاستىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىم ۋە باكتېرىيەلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قارا پاتقاقلارغا ئايلانغان، ئاندىن ئۇنىڭدىكى ئوكسىگېن بىلەن ئازوت گازغا ئايلىنىپ چىقىپ كېتىپ، ئاخىرىدا كاربون ئېشىپ قالغان، مانا بۇ ھازىرقى كۆمۈر شۇ» دېدى.



## 27. نېفىت قانداق ھاسىل بولغان؟

لياڭلياڭ ئانىسى بىلەن بىللە ئىشچى تاغىلارنىڭ نېفىت قېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېفىت قانداق ھاسىل بولغان؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «نېفىت يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان جانلىقلار جەسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان. قەدىمكى دەۋرلەردە يەر قاتلىمىنىڭ چوڭقۇر قىسمىغا كۆمۈلۈپ قالغان جانلىقلارنىڭ جەسەتلىرى يۇقىرى بېسىم، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە ئوكسىگېنسىز شارائىت ئاستىدا، ئوكسىگېن خالىمايدىغان باكتېرىيەلەرنىڭ ئورگانىك ماددىلارنى قەدەممۇقەدەم پارچىلىشى بىلەن، ئاخىرىدا سۇيۇق ھالەتتىكى ھىدروكاربونات بىرىكمىسى — نېفىت ھاسىل بولغان» دېدى.



uyghurkitap.com







## 28. تۆمۈر رودىسى قانداق ھاسىل بولغان؟

لىڭلىڭ ئانىسى بىلەن بىللە چويۈن ئېرىتىش زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ تۆمۈر رودىسىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن: «تۆمۈر رودىسى قانداق ھاسىل بولغان؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان، تەركىبىدە تۆمۈر بولغان تاغ جىنسلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن يېمىرىلىپ پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوكسىدلىنىپ تۆمۈر ئوكسىدى ئېرىتمىسىگە ئايلانغان ياكى سۇدا لەيلەپ يۈرگەن ھەمدە سۇ ئېقىنىغا ئەگىشىپ يۆتكىلىپ بىر يەرگە توپلانغان، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا چۆكمىلىشىپ سۇ ئاستىغا توپلىنىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىم ۋە ماگمىلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تۆمۈر رودىسىنى ھاسىل قىلغان» دېدى.



## 29 . ۋولقانلار نېمە ئۈچۈن ئېتىلىپ چىقىدۇ؟

لىلى ئانىسى بىلەن ساياھەتكە چىقىپ يانار تاغ ئېغىزىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە: «ۋولقانلار نېمە ئۈچۈن ئېتىلىپ چىقىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ۋولقانلارنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى يەر پوستىدىكى ماگمىلارنىڭ يەر يۈزىگە ئېقىپ چىقىشىدىن ئىبارەت بىر خىل ھادىسە. يەرنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، يەر ئاستىدىكى ماگمىلار ھەمىشە يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ. ماگما تەركىبىدىكى گاز ۋە سۇلار يەر پوستىنىڭ بىرقەدەر ئاجىز تۇتاشقان جايلىرىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ماگمىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىۋېتى- دۇ. دە، ماگمىلارنىڭ يەر يۈزىگە ئېقىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋولقانلار ئېتىلىپ چىقىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com



## 30. نېمە ئۈچۈن يەر تەۋرەيدۇ؟

يېنىك بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماۋ-ماۋ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يەر تەۋرەيدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەر تەۋرەشنى يەر پوستى ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەر پوستى ھەرىكىتى داۋامىدا قاتتىق ھالەتتىكى تاغ جىنسلىرى كۈچ تەسىرىدە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، تاغ جىنس قاتلاملىرى ئۈزۈلگەندە يەر تەۋرەش يۈز بېرىدۇ. يانار تاغ پارتلىغاندا، زور مىقداردىكى قىزىق ماگمىلار يەر ئاستىدىن ئېتىلىپ چىقىپ يەر پوستىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىقمۇ يەر تەۋرەشنى پەيدا قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 31 . نېمە ئۈچۈن يەر تەۋرەش كۆپىنچە كېچىدە يۈز بېرىدۇ؟

جىڭجىڭ تېلېۋىزوردىن يەر تەۋرەش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يەر تەۋرەش كۆپىنچە كېچىدە يۈز بېرىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «يەر تەۋرەشنىڭ كۆپىنچە كېچىدە يۈز بېرىشى تاشقى كۈچلەرنىڭ سەۋەبىدىن، يەنى قۇياش ۋە ئاينىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. ئەگەر يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەر تەۋرەشنىڭ ھازىرلىقى پۈتۈپ، يەر ئاستىدىكى تاغ جىنس قاتلاملىرى كۈچ تەسىرىدە ئۈزۈلەي دەپ قالغان ئاشۇ پەيتتە، قۇياش بىلەن ئاينىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرى (بۇ خىل كۈچ شۇ جايغا نىسبەتەن كېچىسى تەسىر كۆرسىتىدۇ) قوشۇلسا، ئاسانلا يەر تەۋرەش يۈز بېرىدۇ» دېدى.



## 32. نېمە ئۈچۈن ئېگىزلىكنى ئۆلچەشتە دېڭىز يۈزى تەكشىلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؟

لۇڭلۇڭ ئىشچى تاغلارنىڭ تاغنىڭ ئېگىزلىكنى ئۆلچەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئانىسىدىن: «ئېگىزلىكنى ئۆلچەشتە نېمە ئۈچۈن دېڭىز يۈزى تەكشىلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئادەتتە دېڭىز يۈزىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىزلارنىڭ سۇ يۈزى تەكشىلىكى چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكنى ئۆلچەشنىڭ نۆل نۇقتىسى قىلىنىدۇ، بۇ بىر ئىلمىي ئۇسۇل» دەپ جاۋاب بەردى.



## 33 . نېمە ئۈچۈن ئېگىزلىگەنسېرى ھاۋا شالاڭ بولىدۇ؟

بىنبىن تاغنىسى سۆزلەپ بەرگەن تاغقا چىقىش توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئېگىزلىگەنسېرى ھاۋا شۇنچە شالاڭ بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ھاۋا بىر خىل ماددا، ئۇمۇ يەر شارى مەركىزىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئېغىرلىققا ئىگە بولىدۇ، ھالبۇكى ھاۋا يەنە قىسىلىشقا بولىدىغان گاز جىسىم، شۇڭا ئېگىز جايدىكى ھاۋا تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ پەس جايغا توپلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پەس جايدا ھاۋانىڭ زىچلىقى چوڭىيىدۇ، ئېگىز جايدا ھاۋانىڭ زىچلىقى كىچىكلەيدۇ. بۇ ئەھۋال ئېگىز جايدا ھاۋانىڭ شالاڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېدى.



## 34 . نېمە ئۈچۈن ئېگىز تاغدىكى قارلار يىل بويى ئېرىمەيدۇ؟

ياز، تاۋتاۋ ئېگىز تاغدىكى قارلارنى كۆرسىتىپ ئانىسىدىن: «ئېگىز تاغدىكى قارلار نېمە ئۈچۈن يىل بويى ئېرىمەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇنىڭ ئانىسى: «تاغ قانچە ئېگىز بولسا، هاۋا شۇنچە شالاڭ بولىدۇ، ئىسسىقلىق ئۈستىگە قار يۈزىنىڭ نۇر قايتۇرۇش رولى كۈچلۈك بولغاچقا، ئىسسىقلىق ئاسانلا تارقىلىپ كېتىدۇ هەمدە بەلگىلىك ئېگىزلىكتە هاۋا تېمپېراتۇرىسى داۋاملىق 0℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇ يەردىكى قارلار يىل بويى ئېرىمەيدۇ» دېدى.









## 35. نېمە ئۈچۈن ئېگىز جايدا شامال كۈچلۈك بولىدۇ؟

شاشا سالقىنداش ئۈچۈن ئانىسى بىلەن بىللە بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئېگىز جايدا شامال كۈچلۈك بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «ئېگىز جايدا شامال توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، شامال سۈرئىتى چوڭ بولىدۇ، پەس جايدا بىنا - ئۆيلەر، دەل - دەرەخلەر ۋە يەر تۈزۈلۈشىنىڭ توسۇشى بىلەن شامال كۈچى ئاجىزلايدۇ، شۇڭا شامال سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ. مانا بۇ شامالنىڭ ئېگىز جايدا پەس جايدىكىگە قارىغاندا كۈچلۈك بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 36 . نېمە ئۈچۈن قۇملۇقلار كۈندۈزدە بەك ئىس-سىق، كېچىدە بەك سالقىن بولىدۇ؟

ناۋناۋ ئانىسى بىلەن بىللە دۇنخۇاڭغا ساياھەتكە باردى، ئۇ ئەجەبلە-نىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قۇملۇقلار كۈندۈزدە بەك ئىسسىق، كېچىدە بەك سالقىن بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۈنكى قۇم-لۇقلاردىكى قۇم ئىسسىقلىقنى تېز سۈمۈرىدۇ ھەم تېز قويۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، قۇملۇقلاردا كۈندۈزدە ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىدۇ، كېچىدە سالقىنلاپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 37. قۇم بارخانلىرى نېمە ئۈچۈن يۆتكىلىدۇ؟

لۈكلۈك ئانىسى بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ قۇملۇقنىڭ چېتىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئانىسىدىن: «قۇم بارخانلىرى نېمە ئۈچۈن يۆتكىلىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «شامال قۇم بارخانلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بوران قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتكەندە قۇم دانچىلىرىنى قوزغاپ بىللە ئۇچۇرۇپ ماڭىدۇ، شامال كۈچى ئاجىزلىغاندا ياكى توسالغۇغا دۇچ كەلگەندە قۇملار يەرگە چۈشۈپ قايتىدىن دۆۋىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بارخانلار بىر ئورۇندىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com







## 38 . قۇم بارخانلىرى نېمە ئۈچۈن «ناخشا ئېيتا-لايدۇ» ؟

فېڭفېڭ ئانىسى بىلەن بىللە شامىڭ تېغى ( ئاۋاز چىقىرىدىغان قۇم-تاغ ) قا چىقتى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن: «قۇم بارخانلىرى نېمە ئۈچۈن ناخشا ئېيتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قۇم دانچىلىرى دومىلاپ يۆتكەلگەندە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كاۋاكچىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھاۋا كاۋاكچىلارغا كىرگەندە ياكى ئۇ يەردىن قىسىلىپ چىققاندا، تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ، بۇ ئاۋاز خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاڭلىنىدۇ» دېدى.









## 39 . دېڭىز نېمە ئۈچۈن قورۇپ كەتمەيدۇ؟

تاۋتاۋ ئانىسى بىلەن بىللە قىرغاقتا تۇرۇپ دېڭىزغا نەزەر سالدى، ئۇ ئانىسىدىن گۆدەكلەرچە: «دېڭىز سۇيى نېمە ئۈچۈن قورۇپ كەتمەيدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «دېڭىز سۇيى هورغا ئايلىنىپ هاۋاغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن سۇ پارلىرىنى هاسىل قىلىدۇ. سۇ پارلىرى سوغۇققا يولۇققاندا بۇلۇتقا ئايلىنىپ يامغۇر ياكى قار هاسىل قىلىپ يەر يۈزىگە چۈشىدۇ ۋە دەريالارغا يىغىلىپ يەنە دېڭىز - ئوكيانلارغا قۇيۇلىدۇ، مانا مۇشۇنداق ئايلىنىش جەريانى بولغاچقا، دېڭىز سۇيى ئۈزلۈكسىز تۇردە تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا دېڭىز قورۇپ كەتمەيدۇ» دېدى.



## 40 . دېڭىز سۈيى نېمە ئۈچۈن كۆك بولىدۇ؟

لۇلۇ ئانىسى بىلەن بىللە دېڭىز بويىدا قۇلۇلە قېپى تېرىۋېتىپ، كۆپكۆك دېڭىزغا قاراپ ئانىسىدىن: «دېڭىز سۈيى نېمە ئۈچۈن كۆك بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دېڭىز سۈيى ئەسلىدە رەڭسىز ۋە تىنىق بولىدۇ. لېكىن، قۇياش نۇرى دېڭىز يۈزىگە چۈشكەندە، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى كۆك نۇرلارنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى قىسقا، ئۆتۈش-چانلىقى ئاجىز بولغاچقا، دېڭىز سۈيىنىڭ توسۇشى بىلەن ئاسانلا چېچى-لىپ كېتىدۇ، شۇڭا دېڭىز سۈيى كۆك كۆرۈنىدۇ» دېدى.



## 41. بۇژغۇنلار نېمە ئۈچۈن ئاق بولىدۇ؟

رۇڭرۇڭ ئانىسى بىلەن توسما ئۈستىدە تۇرۇپ دېڭىزغا نەزەر تاشلىدى. ئۇ بىردىنلا: «بۇژغۇنلار نېمە ئۈچۈن ئاپئاق كۆرۈنىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دېڭىزدا بوران چىققاندا سۇ يۈزىدە دولقۇن پەيدا بولىدۇ، ئاندىن يەنە شامال كۈچىنىڭ دولقۇن چوققىسىنى بېسىشى بىلەن دولقۇن چوققىسى پارچىلىنىپ سانسىزلىغان ئۇششاق سۇ تامچىلىرى ھاسىل بولىدۇ. بۇ سۇ تامچىلىرى قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتۇشى نەتىجىسىدە ئاق رەڭدە ئەكس ئېتىدۇ، شۇڭا بۇژغۇنلار ئاپئاق كۆرۈنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 42. دېڭىز سۈيىدىكى تۇزلار قەيەردىن كەلگەن؟

مىمى ئانىسى بىلەن بىللە دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ سۇ ئۈزدى، ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئانىسىدىن: «دېڭىز سۈيىدىكى تۇزلار قەيەردىن كەلگەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «تۇپراق، تاغ جىنسلىرى ۋە دېڭىز ئاستىدىكى يانار تاغلار دېڭىز سۈيىدىكى تۇزلارنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى تۇپراق ۋە تاغ جىنسلىرى تەركىبىدىكى تۇزلار يامغۇر سۈيىدە ئېرىگەندىن كېيىن، دەريالارغا قوشۇلۇپ دېڭىزغا ئېقىپ كىرىدۇ، دېڭىز ئاستىدىكى يانار تاغ ۋە تاغ جىنسلىرىدىكى تۇزلارمۇ ئېرىپ دېڭىز سۈيىگە قوشۇلىدۇ» دېدى.





## 43. دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملار قەيەردىن كەلگەن؟

شاشا ئانىسى بىلەن بىللە دېڭىز ساھىلىدا سەيلە قىلىۋېتىپ: «ئانا، دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملار قەيەردىن كەلگەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملارنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قۇم - شېغىللارنىڭ دەريالار ئارقىلىق دېڭىزغا ئېقىپ كىرىپ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان؛ يەنە بىر قىسمى دېڭىز بويىدىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ شامال كۈچىنىڭ يېمىرىشى بىلەن ئۇششاق دانچىلارغا ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



## 44. شامال چىققان كۈنلىرى ئېگىز بىنانىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئادەم نېمە ئۈچۈن سالقىنلىق ھېس قىلىدۇ؟

شامال چىققان بىر كۈنى يەنيەن ئانىسى بىلەن بىللە ئېگىز بىنانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ناھايىتى سالقىن ھېس قىلىپ، ئانىسىدىن سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئانىسى چۈشەندۈرۈپ: «شامال ئېگىز بىناغا دۇچ كەلگەندە، ھاۋا ئېقىمى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بىنانىڭ شامالغا قارىغان تەرىپىدە ھاۋا بېسىمى يۇقىرىلايدۇ. نەتىجىدە شامالغا تەتۈر تەرىپى بىلەن بولغان ھاۋا بېسىم پەرقى چوڭىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاۋا بىنانىڭ يان تەرىپىدىن تېز سۈرئەتتە ئېقىپ ئۆتىدۇ، بۇ يەردە شامال سۈرئىتى تېزلىشىدىغان بولغاچقا، ئادەم سالقىنلىق ھېس قىلىدۇ» دېدى.









## 45 . شامال يۆنىلىشى شامال چىققان يۆنىلىشنى كۆرسىتەمدۇ ياكى شامال بارىدىغان يۆنىلىشنى كۆر-سىتەمدۇ؟

لېلې يىپەك شارپىسىنى ئېلىپ شامال يۆنىلىشىنى ئۆلچىدى، ئۇ ئانىسىدىن: «شامال يۆنىلىشى شامال چىققان يۆنىلىشنى كۆرسىتەمدۇ ياكى شامال بارىدىغان يۆنىلىشنى كۆرسىتەمدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «شامال يۆنىلىشى دېگەندە شامال چىققان يۆنىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com



## 46. شامال نېمە ئۈچۈن كېچىگە قارىغاندا كۈندۈزدە كۈچلۈك بولىدۇ؟

لىڭلىڭ شامالدا توختىماستىن پۇلاڭلاپ تۇرۇۋاتقان مەجنۇنتال شاخلىرىنى كۆرۈپ، ئانىسىدىن: «شامال نېمە ئۈچۈن كېچىگە قارىغاندا كۈندۈزدە كۈچلۈك بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كۈندۈزى قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتۇشى بىلەن يەر يۈزىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئىسسىش ئەھۋالى تەكشى بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھاۋانىڭ يۇقىرى - تۆۋەنگە بولغان ئالمىشىش ھەرىكىتى كۈچىيىپ، يەر يۈزىدىكى ھاۋانىڭ ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ، شامال كۈچىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، كېچىسى يەر يۈزىدىكى ھاۋا نىسبەتەن تۇرغۇن بولىدۇ. شۇڭا، شامال كۈچىمۇ ئاجىز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



**47. نېمە ئۈچۈن شامال سۇ يۈزىدە قۇرۇقلۇقتىكىگە قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ؟**

بېيبېي ئانىسى بىلەن قولۋاق ھەيدەۋېتىپ ھەيرانلىق بىلەن: «نېمە ئۈچۈن سۇ يۈزىدە قۇرۇقلۇقتىكىگە قارىغاندا شامال كۈچلۈك بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «سۇ يۈزى كەڭ ھەم تەكشى بولۇپ، توسالغۇ بولىدىغان جىسىملار قۇرۇقلۇققا قارىغاندا ئاز، ھاۋا ئېقىمىنىڭ قارشىلىق كۈچى كىچىك، شۇڭا سۇ يۈزىدە قۇرۇقلۇققا قارىغاندا شامال كۈچلۈك بولىدۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com







## 48. نېمە ئۈچۈن غەربىي شىمال شامىلى ئالاھىدە سوغۇق بولىدۇ؟

سىرتتا غەربىي شىمال شامىلى چىقىۋاتاتتى. دۇدۇ ئانىسىدىن: «غەربىي شىمال شامىلى نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە سوغۇق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «شىمالىي يېرىم شاردا شىمالنىڭ ھاۋاسى جەنۇبنىڭكىدىن سوغۇق بولىدۇ. شىمالغا ماڭغانسېرى ھاۋا شۇنچە سوغۇقلىشىپ بارىدۇ، شۇڭا غەربىي شىمال تەرەپتىن كەلگەن ھاۋا يەنى غەربىي شىمال شامىلى ئالاھىدە سوغۇق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 49. بىر يىل نېمە ئۈچۈن تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ؟

شياۋلى يازلىق كىيىملىرىنى ئىزدەۋېتىپ ئانىسىدىن: «بىر يىل نېمە ئۈچۈن باھار، ياز، كۈز، قىش دەپ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «بىر يىلنىڭ تۆت پەسىلگە بۆلۈنۈشى قۇياش نۇرىنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈش يانتۇلۇقىنىڭ دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى، يەر شارىدىكى مەلۇم بىر رايونغا قۇياش نۇرى تىك چۈشكەن مەزگىل ياز پەسلى، تىك چۈشۈشتىن تەدرىجىي ھالدا يانتۇ چۈشۈشكە ئۆزگىرىدىغان مەزگىل كۈز پەسلى، يانتۇ چۈشكەن مەزگىل قىش پەسلى، يانتۇ چۈشۈشتىن تەدرىجىي ھالدا تىك چۈشۈشكە ئۆزگىرىدىغان مەزگىل باھار پەسلى بولىدۇ» دېدى.



uyghurkitap.com



## 50. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تۆت پەسىل بولامدۇ؟

كۈز كەلدى، شياۋخۇڭ سارغايغان يوپۇرماقلارغا قاراپ ئانىسىدىن: «دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە باھار، ياز، كۈز، قىش دەپ تۆت پەسىل بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: «جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزى جايلار تۆت پەسىلگە بۆلۈنمەيدۇ. شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا بىر يىلنىڭ ھەممىسىدە قىش بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ جايلار سوغۇق بەلباغ دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي تىروپىك سىزىقى بىلەن شىمالىي تىروپىك سىزىقى ئارىلىقىدىكى رايونلاردا يىل بويى ياز بولىدۇ، شۇڭا ئۇ جايلار ئىسسىق بەلباغ دەپ ئاتىلىدۇ. سوغۇق بەلباغ بىلەن ئىسسىق بەلباغ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار مۆتىدىل بەلباغ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇجايلاردا بىر يىل ئىچىدە ئىسسىق بىلەن سوغۇق ئالمىشىپ، تۆت پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ» دېدى.



## 51 . دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۆت پەسىل تەڭ باشلىنامدۇ؟

باھار كەلدى، گۈللەر ئېچىلدى، جېنجېن ھاياجان ئىچىدە ئانىسىدىن: «دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۆت پەسىل تەڭ باشلىنامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ياق، ھاۋارايى تارماقلىرى بەش كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى تۆت پەسىلنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ، يەنى بەش كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10℃ تىن تۆۋەن بولسا قىش پەسلى، 22℃ تىن يۇقىرى بولسا ياز پەسلى، 10℃ بىلەن 22℃ ئارىلىقىدا بولسا باھار ۋە كۈز پەسلى دەپ ئايرىيدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۆت پەسىلنىڭ ئەمەلىي باشلىنىش ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.



uyghurkitap.com







## 52. يازدا نېمە ئۈچۈن بەك ئىسسىق بولىدۇ؟

ياز كېچىسى، خۇاخۇا ئانىسى بىلەن ھويلىدا سالقىنداۋېتىپ: «يازدا نېمە ئۈچۈن بەك ئىسسىق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يازدا قۇياش نۇرى يەر يۈزىگە ئاساسەن تىك دېگۈدەك چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزاق، يەر يۈزى ئىگە بولىدىغان ئىسسىقلىق كۆپ بولىدۇ، شۇڭا ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 53. يازدا نېمە ئۈچۈن يامغۇر كۆپ ياغىدۇ؟

يازدا ھەمىشە يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن ھەيران بولغان نيۇنيۇ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن يازدا ھەدېسلا يامغۇر ياغىدۇ؟» دەپ سورىدى، ئانىسى: «يازدا دۆلىتىمىزدە دائىم شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن زور مىقداردا نەم ھاۋانى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەر يۈزىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئىسسىق ھاۋا ئاسانلا يۇقىرىغا ئۆرلەپ بۇلۇت ۋە يامغۇر پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا يازدا يامغۇر ئالاھىدە كۆپ ياغىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 54 . قىش نېمە ئۈچۈن بەك سوغۇق بولىدۇ؟

قىش، كەيكەي ئانىسى بىلەن ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوت ئىسسىنغاچ: «قىش نېمە ئۈچۈن بەك سوغۇق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قىشتا قۇياش نۇرى يەر يۈزىگە يانتۇ چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يورۇتۇش ۋاقتى قىسقا، يەر يۈزىنىڭ ئىگە بولىدىغان ئىسسىقلىقى ئاز بولىدۇ. شۇڭا، قىش پەسلى ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.









## 55 . قىشتا دەريالاردا نېمە ئۈچۈن مۇز تۇتىدۇ؟

قىش، دەريادىكى قېلىن مۇز قاتلىمىنى كۆرگەن تاۋتاۋ ئانىسىدىن: «قىشتا دەريالاردا نېمە ئۈچۈن مۇز تۇتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «تېمپېراتۇرا 0°C بولغاندا سۇ مۇز تۇتىدۇ، بۇ سۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، قىشتا ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولىدۇ. سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن نەچچە گرادۇستىن ئون نەچچە گرادۇسقىچە، ھەتتا نەچچە ئون گرادۇسقىچە بولىدۇ. شۇڭا، سىرتتىكى سۇلار، جۈملىدىن دەريا سۇلىرى مۇزلاپ كېتىدۇ» دېدى.



## 56 . نېمە ئۈچۈن قار ياغقاندىمۇ گۈلدۈرماما پەيدا بولىدۇ؟

سىرتتا قار يېغىۋاتاتتى، يەنيەن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قار ياغقاندىمۇ ھاۋا گۈلدۈرلەيدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «يەر يۈزىگە يېقىن سوغۇق ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى 0℃ ئەتراپىدا بولىدۇ، سوغۇق ھاۋانىڭ ئۈستى تەرىپىدە يەنە بىر قەۋەت نەم ئىسسىق ھاۋا بولىدۇ، ئۇ تۆۋەن قەۋەتتىكى سوغۇق ھاۋا بىلەن بىرلىشىپ شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن قار ياغدۇرۇۋاتقان قات بۇلۇتتا كۈچلۈك كونۋېكسىيە ھادىسىسى يۈز بېرىپ، يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇڭا قار يېغىۋاتقاندا گۈلدۈرماما پەيدا بولىدۇ» دېدى.



## 57. نېمە ئۈچۈن قار ياغقاندا سوغۇق بولماي، ئەكسىچە قار ئېرىگەندە سوغۇق بولىدۇ؟

قار توختىغاندىن كېيىن جىنجىڭ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە قار بوۋاي ياسىدى، ئۇ قولىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن قار ياغقاندا سوغۇق بولماي، قار ئېرىگەندە سوغۇق بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئانىسى: «سوغۇق ئېقىم بىلەن ئىسسىق نەم ھاۋا ئۇچراشقاندا قار ياغىدۇ، شۇڭا قار يېغىشتىن ئىلگىرى ۋە قار يېغىۋاتقاندا ھاۋا ئانچە سوغۇق بولمايدۇ. قار توختىغاندىن كېيىن سوغۇق ئېقىم ئىسسىق نەم ھاۋانى ھەيدىۋېتىدۇ، ئۈنىڭ ئۈستىگە قار ئېرىگەندە بىر قىسىم ئىسسىقلىق سەرپ بولىدۇ، شۇڭا ھاۋا بىرقەدەر سوغۇق بولىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 58. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا قەيەردە؟

دۇڭدۇڭ ئانىسى بىلەن بىللە تاغ چوققىسىغا چىقتى، ئۇ تو-ساتتىن: «دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا قەيەردە؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «ئەگەر تاغ چوققىسىدىن تاغ تۈۋىگىچە ھېسابلىساق، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىدىكى ماۋنا ـ لوئا يانار تېغى دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چوققا بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئېگىزلىكى 10203 مېتىر بولۇپ، جۇمۇلاڭما چوققىسىدىن خېلى بەكلا ئېگىز، ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ تاغ-نىڭ يېرىمى سۇ ئاستىدا بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ 4205 مېتىر قىسمىلا سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا يەنىلا ھىمالايا تېغىدىكى جۇمۇلاڭما چوققىسىدىن ئىبارەت» دېدى.



## 59 . دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىلما جىلغا قەيەردە؟

جۇەنجۇەن ئانىسى بىلەن بىللە تاغ جىلغىسىغا موگۇ تەرگىلى بې-رىپ: «ئانا، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىلما جىلغا قەيەردە؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ چوڭ يېرىلما جىلغا داڭلىق شەرقىي ئافرىقا چوڭ يېرىلما جىلغىسىدۇر. ئۇ جەنۇبتا زامبېزى دەرياسىنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ پۈتكۈل شەرقىي ئافرىقا ئېگىزلىكىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ، ئېكۋاتور-دىن ھالقىپ ئېفىئوپىيە ئېگىزلىكىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا قىزىل دېڭىز ئارقىلىق تاكى ئاسىيادىكى ئىئوردان دەريا ۋادىسىغىچە بارىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 7000 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 — 60 كىلومېتىر كېلىدۇ» دېدى.









## 60. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق قەيەردە؟

چىچى «دۇنيادىكى ئەڭ» توغرىسىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەۋېتىپ ئانىسىدىن: «دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق قەيەردە؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سەھرايىكەبىر قۇملۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 5600 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 1600 كىلومېتىر، مەيدانى تەخمىنەن 8 مىليون 400 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ» دېدى.



## 61. «ئۆلۈك دېڭىز» دېگەن نېمە؟

مېڭمېڭ تېلېۋىزوردىن ئۆلۈك دېڭىز تونۇشتۇرۇلغان خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى قىزىقارلىق ھېس قىلدى. ئۇ ئانىسىدىن: «ئۆلۈك دېڭىز دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى پەلەستىن بىلەن ئىئوردانىيە چېگرىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يېرىلما جىلغىدا بىر چوڭ كۆل بار، كۆل سۈيىنىڭ تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، كۆل ئىچى ۋە قىرغاقلىرىدا ھېچقانداق جانلىق ياشىيالمايدۇ، ئۇ خۇددى بىر جانسىز دۇنياغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ‹ئۆلۈك› دېڭىز دەپ ئاتالغان» دېدى.



## 62. قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيى قىزىلمۇ؟

شىاۋجۇن جۇغراپىيە دەرسىدە قىزىل دېڭىز دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئانىسىدىن: «قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيى قىزىلمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيى قىزىل كۆرۈنىدۇ. قىزىل دېڭىزنىڭ ئۈستۈنكى سۇ قاتلىمىدا كۆك ۋە يېشىل يۇسۇن دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دېڭىز يۇسۇنى ئۆسىدۇ، بۇ يۇسۇنلەر ئۆلگەندىن كېيىن قىزغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. زور مىقداردىكى ئۆلگەن يۇسۇنلەر دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، دېڭىز سۈيىنى قىپقىزىل قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تەرىپىدىكى تار سوزۇلغان تېيىز سۇلۇق قىسمىدا قىزىل رەڭ مارجان خادا تاشلار ناھايىتى كۆپ، ئىككى قىرغاقتىكى تاشلارمۇ قىزغۇچ كۆرۈنىدۇ. بۇلار قوشۇلۇپ قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيىنى تېخىمۇ قىزىل قىلىۋېتىدۇ» دېدى.



## 63. تاغ يوللىرى نېمە ئۈچۈن ئەگرى - بۈگرى بولىدۇ؟

تاۋتاۋ ئانىسى بىلەن بىللە تاغقا چىقتى. ئۇلار بىردەم ئوڭغا ماڭسا، بىردەم سولغا ماڭاتتى. تاۋتاۋ ئانىسىدىن: «تاغ يوللىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەگرى - بۈگرى بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئانىسى: «تاغ يولىنى تاغ تۈۋىدىن تاغ ئۈستىگە قارىتىپ تۈز سىزىق بويىچە ئۇدۇل قىلىپ ياسىغاندا، يانتۇلۇق بەك تىك بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق يولدا ئادەم ۋە ماشىنىلارنىڭ مېڭىشى تەس بولىدۇ، بەزىدە ماشىنىلار زادىلا ماڭالمايدۇ. يولنى ئەگرى - بۈگرى قىلىپ، تاغنى ئايلاندۇرۇپ ياسىغاندا، گەرچە يول ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن يانتۇلۇقى كىچىك بولىدۇ، بۇنداق يولدىن ماڭغاندا ئادەم ھەم ھېرىپ كەتمەيدۇ، ھەم بىخەتەر بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.



## 64 . دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا ئەتىياز پەسلى نېمە ئۈچۈن قۇم-بورانلىق بولىدۇ؟

ئەتىياز ، سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. نىڭنىڭ دېرىزىدىن ئاسماننى قاپلىغان سېرىق چاڭنى كۆرسىتىپ: «دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا ئەتىيازدا نېمە ئۈچۈن قۇم - بوران كۆپ بولىدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «ئەتىيازدا دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا دائىم غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ، غەربىي شىمال شامىلى سىبىرىيەدىن كېلىدۇ. ئۇ چۆل - قۇملۇقلارنى ۋە سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنى بېسىپ ئۆتۈپ، زور مىقداردىكى قۇم - توپىلارنى بىللە ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، قۇم - بوران ئالاھىدە كۆپ بولىدۇ» دېدى.









## 65. دۆلىتىمىزدە قايسى جايدا قار ئەڭ كۆپ ياغىدۇ؟

قار توختىغاندىن كېيىن، شاشا ئانىسى بىلەن بىرلىكتە قار بوۋاي ياسىدى، ئۇ خۇشال هالدا: «دۆلىتىمىزدە قايسى جايدا قار ئەڭ كۆپ ياغىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «دۆلىتىمىزدە تۆۋەندىكى ئۈچ جايدا قار ئەڭ كۆپ ياغىدۇ: بىرىنچىسى، شەرقىي شىمالدىكى چوڭ-كىچىك هىنگان تاغلىرى ۋە چاڭبەيشەن تاغلىق رايونى؛ ئىككىنچىسى، غەربىي شىمالدىكى ئالتاي ۋە تەڭرىتېغى رايونى؛ ئۈچىنچىسى، چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون، بۇ رايونلاردا قىش پەسلى ئۇزاق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هاۋاسى بىرقەدەر نەم، شۇڭا قار كۆپ ياغىدۇ» دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com







## 66. دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ سوغۇق جاي ۋە ئەڭ ئىسسىق جاي قايسى؟

ياز، لياڭلياڭ يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ ئانىسىدىن: «دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ سوغۇق جاي ۋە ئەڭ ئىسسىق جاي قايسى؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ سوغۇق جاي — خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى موخې دېگەن يەر. ئەڭ ئىسسىق جاي — شىنجاڭدىكى تۇرپان ئويمانلىقى» دېدى.







**67. دۆلىتىمىزدە يامغۇر ئەڭ كۆپ ياغىدىغان جاي بىلەن يامغۇر ئەڭ ئاز ياغىدىغان جاي قايسى؟**

يامغۇر ياغدى، يەنيەن ئانىسى بىلەن بىللە يامغۇرلۇقنى دالدا قىلىپ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ توساتتىن: «دۆلىتىمىزدە يامغۇر ئەڭ كۆپ ياغىدىغان جاي بىلەن يامغۇر ئەڭ ئاز ياغىدىغان جاي قايسى؟» دەپ سورىۋىدى، ئانىسى: «دۆلىتىمىزدىكى يامغۇر ئەڭ كۆپ ياغىدىغان جاي تەيۋەننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان خوشاۋلياۋ دېگەن يەر بولۇپ، ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى6000 مىللىمېتىردىن كۆپ. يامغۇر ئەڭ ئاز ياغىدىغان جاي غەربىي شىمال رايونىدىكى تۇرپان ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى، چايدام ئويمانلىقى قاتارلىق جايلار بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، شۇڭا بۇ جايلار دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ قۇرغاق جايلار ھېسابلىنىدۇ» دېدى.



**68. نېمە ئۈچۈن نەنجىڭ، ۋۇخەن، چۇڭچىڭلارنى «ئۈچ چوڭ مەش» دەپ ئاتايدۇ؟**

ياز، فېڭفېڭ بىڭگۇر يەۋېتىپ، ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن نەنجىڭ، ۋۇخەن، چۇڭچىڭنى ‹ئۈچ چوڭ مەش› دەپ ئاتايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «يازدا بۇ ئۈچ جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، هاۋاسى نەم، شامالسىز بولۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناهايىتى كىچىك بولىدۇ، شۇڭا چىدىغۇسىز بۇرۇقتۇرما ئىسسىق بولىدۇ، بۇ جايلاردىكى كىشىلەر كۈن بويى ئۆزلىرىنى خۇددى مەشكە قاقلىنىپ تۇرغاندەك هېس قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئۈچ شەهەرنى ‹ئۈچ چوڭ مەش› دەپ ئاتىغان» دېدى.



## 69 . نېمە ئۈچۈن چۇڭچىڭدا تۇمان ئالاھىدە كۆپ بولىدۇ؟

چۇڭچىڭدا ياشىغان ئەتراپنى قاپلاپ تۇرغان تۇماننى كۆرۈستىپ ئانىسىدىن: «نېمە ئۈچۈن چۇڭچىڭدا تۇمان ئالاھىدە كۆپ بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «چۇڭچىڭ شەھىرىدە ھاۋانىڭ تەركىبىدىكى سۇ پارلىرى بىرقەدەر كۆپ، ئېگىز تاغلارنىڭ توسۇپ تۇرۇشى بىلەن تۇمانلار ئاسانلىقچە ئەتراپقا تارقىلىپ كېتەلمەي، دائىم دېگۇدەك تۇمانلىق ھاۋارايىنى پەيدا قىلىدۇ، بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 كۈن تۇمانلىق كۈن بولىدۇ، شۇڭا بۇ جاي مەشھۇر تۇمانلىق شەھەرگە ئايلانغان» دېدى.









## 70. نېمە ئۈچۈن گۈيجۇدا هاۋا ئوچۇق كۈنلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ؟

يىڭيىڭ دېرىزىدىن سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ تۇرۇپ: «نېمە ئۈچۈن گۈيجۇدا هاۋا ئوچۇق كۈنلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «گۈيجۇدا بۇلۇتلۇق، يامغۇرلۇق كۈنلەر ئالاھىدە كۆپ بولىدۇ، چۈنكى گۈيجۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئىسسىق ۋە سوغۇق هاۋا ئېقىمى ئوخشاشلا بېسىپ كىرىپ، هەدېسىلا بۇلۇتلۇق، يامغۇرلۇق هاۋارايىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، گۈيجۇدا ئۇدا ئۈچ كۈن هاۋا ئوچۇق بولىدىغان كۈنلەر يوق، دەيدىغان گەپ بار» دەپ جاۋاب بەردى.









## 71. كۈنمىڭنى نېمە ئۈچۈن «باھار شەھىرى» دەپ ئاتايمىز؟

رۇڭرۇڭ كۈنمىڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، ئانىسىدىن: «كۈنمىڭنى نېمە ئۈچۈن باھار شەھىرى دەپ ئاتايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئانىسى: «كۈنمىڭ سۇبتروپىك بەلباغقا جايلاشقان، يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، ئەڭ ئىسسىق بولغاندا ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 22℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ. شەرقىي شىمال قىسمىدىكى دالياڭشەن، ۋۇمىڭشەن تاغلىرى قىشتا شىمالدىن كېلىدىغان سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنى توسۇپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، غەربىي جەنۇب شامىلى ھىندى ئوكياننىڭ ئىسسىق ھاۋاسىنى ھەيدەپ كېلىدۇ. قىش كۈنلىرىمۇ خۇددى باھاردەك ئىللىق بولىدۇ. شۇڭا، ‹باھار شەھىرى› دەپ نام ئالغان» دېدى.



## 72. لىخاسا نېمە ئۈچۈن «ئاپتاپ شەھىرى» دېيىلىدۇ؟

شىزاڭدىكى لىخاسا شەھىرىدە نانا ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «لىخاسانى نېمە ئۈچۈن ‹ئاپتاپ شەھىرى› دەپ ئاتايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى. ئانىسى: «لىخاسا شەھىرى چىڭخەي شىزاڭ ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ناھايىتى يۇقىرى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ، بۇلۇتلۇق كۈنلەر ئاز، ئاپتاپلىق ۋاقىت كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن نۇرى ناھايىتى كۈچلۈك، شۇڭا ‹ئاپتاپ شەھىرى› دەپ نام ئالغان» دەپ جاۋاب بەردى.



本书根据金盾出版社 2002 年 1 月第 1 版，2002 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلبەر ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل سىدىق

بالىدىن سوئال، ئانىدىن جاۋاب

**جۇغراپىيە قىسمى**

تەرجىمە قىلغۇچى: ئارزۇگۈل سىدىق

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32، باسما تاۋىقى: 2.25
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 3 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىرازى: 10160 — 6161

---

ISBN 978—7—5373—1274—5
بىر يۈرۈش يەتتە كىتابنىڭ باھاسى: 28.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن



ھايۋانات قىسمى



ئۆسۈملۈك قىسمى



ئادەم بەدىنى قىسمى



ئاسترونومىيە قىسمى



تۇرمۇش قىسمى



پەن - تېخنىكا قىسمى



جۇغراپىيە قىسمى 4.00

ISBN 978-7-5373-1274-5

9 787537 312745 >

总定价： 28.00 元